بابر ۋه سۆگنی شاعرله‌رده‌ن مقیمی ، کامل‌خوارزمی ، ده‌ك‌شاعرله‌رنیڭ ایشله
تکه‌ن اورونله‌ریغه‌قاراغاندا " اۆتۆنچ فعلی ،، دېپ آتاماغىمزتوغروبولغای.
شعری‌مثالله‌ر: " لېك‌حضرتغه بۆ اېردی مقصود –
کم آنیڭ‌خاطرِ بولغای‌خوشنود.
ایسته‌گه‌ی یار یقینیدا قونوش ،
ایله‌گه‌ی کېچه یىراقدىن کۆرۆنۆش .
یارنیڭ منزلیدىن ایس آلغای ،
یارنىڭ کۆیىگه غوغا سالغای ،، (شیبانی نامه)

بۆ مهوش له‌رغه‌کۆڭلۆڭ بېرماغىل کم ایرای‌آلمه‌سله‌ر ،
کۆڭۆلنی ایراغىل " بولغای ،، کی بردلدار تاپقایسه‌ن ،،

ته‌گری‌آنی هه‌ر بند دىن‌آزاد ایتکه‌ی ،
هه‌ر غم دىن آنی خاطرىنی شاد ایتکه‌ی ،، ( نوائی )

xxxxxxxxx

# شرط فعلی

## = ٢٧ = د ر س

xxxxxxxxxxxxx

" ایشلەسەڭ تیشلەرسەن ،، " ایزلەسەڭ تاپارسەن ،، " قاریاغماسا – توی بولۇر ،، دیگەن خلق سۆزلەرینیڭ " تیشلەمەك ( ییمەك ) ایشلەشكە • تاپماقنیڭ " ایزلەشكە ،، توی نیڭ " قاریاغماسلیقا ،، باغلانغانلیقی – معلوم بولادۇر• دیمەك : برمعنا داكی ایشكە یەنە برایشنیڭ باغلانغانلیقینی بیلدۇرگەن فعللەر " شرط فعل ،، دۇر•

شرط فعللەر : بۇیرۇققا " سا – سە ،، قوشۇلماق بیلەن برنچی شكلی یاسالادۇر• اۆنیڭغە ایشلەگۈچی بیلگەلەرنی قوشۇش بیلەن قالغان شكللەری یاسالغای •

مثالی :

| يا ز | یا زما | كیل | كیلمە |
| --- | --- | --- | --- |
| ١– یا زسا | یا زماسا | كیلسە | كیلمەسە |
| ٢– یا زسام | یا زماسام | كیلسەم | كیلمەسەم |
| ٣– یا زساڭ | یا زماساڭ | كیلسەڭ | كیلمەسەڭ |
| ٤– یا زسالەر | یا زماسالەر | كیلسەلەر | كیلمەسەلەر |
| ٥– یا زساق | یا زماساق | كیلسەك | كیلمەسەك |
| ٦– یا زساڭز | یا زماساڭز | كیلسەڭز | كیلمەسەڭز |

٥نچی شكلداكی " یا زساق ، یا زماساق ،، دیگەننی بعضی لەر " یا زسامز ،،

" یازماسامز ، کېلسەمز ، کېلمەسەمز ،، شکلندا ایشلەتسەلەرهەم آزا یشلەگەی . امّا تأریخی ایشلەگەن اورنیغه احتراماً کیمنراق علاحیدا بحث قىلمنور .
٦نچی شکلداکی " یازساگز ، یازماساگز ،، دېگەننیڭ اورنیگه "یازساڭلەر - یازماساڭلەر دېپ‌هەم ایشلەتورلەر .

شرط فعل ، باشقا برایشنی اوزیگه باغلاماسدىن ، یالغوز - اوزی ایشلەگەندا " امید - ارمان ،، معناسینی بېرەدور :

" کوڭلی تیلەگەن مرادغه یېتسه کیشی ! ،
یا بارچا مرادلەرنی ترک ایتسەکیشی ! ،
بوایککی میسّراولماسا عالـم دا ،
باشینی آلىب برسا رىغه کېتسـەکیشی ،،
(بابر)

xxxxxxxxxxxx

## قوزغاتش فعلی

شرط فعللەرىغه " چی ،، قوشولسا " قوزغاتش فعلی بولور ،،

١ - یازساچی . یازماساچی .
٢ - یازسامچی . یازماسامچی .
٣ - یازساڭچی . یازماساڭچی .
٤ - یازسەلەرچی . یازمەسەلەرچی .
٥ - یازسەڭچی . یازمەسەڭچی .

xxxxxxxxxxxx

ایککنچی اویوم . حاضرغی فعللەر .

==========================

= درس = ٢٧ =

ترکستانچه دا حاضرغی فعلله‌رنیڭ اوچ شکلی بار :
سوزنیڭ تۈگه‌شیدا چوزوق ( مدّ ) بولغان بۈیرۇقتا " دور،، قوشوپ یازیلور.
تۈگه‌شدا چوزوق حرف بولماغان حالدا هم " دور،، قوشولوپ فعل نیڭ شکلی یاسالور. بونیڭغه ، ایشله‌گوچی بیلگه‌له‌ر(ادات ) نیڭ تۈرله‌ری (نوع له‌ری ) قوشولوپ - بوفعل نیڭ ) بیش شکلی توزولور. براق ، بو فعل نیڭ ١= ٤= شکل - له‌رده " دور،، قوشومچه سی توشوپ قالادور.

تۈگه‌شی چوزوق سز بۈیرۇق ده‌ن :

| یازما | یاز |
|---|---|
| یازمایدور. | ١ - یازا دور(١) |
| یازمایمه‌ن . | ٢ - یازامه‌ن . |
| یازمایسه‌ن . | ٣ - یازاسه‌ن . |
| یازمایدورله‌ر. | ٤ - یازا دورله‌ر. |
| یازمایمز. | ٥- یازامز. |
| یازمایسز. | ٦- یازاسز. |

(١) مین ، ایلگه‌ری بیلمندورغانمغه‌اویغون له‌شتیریپ" در - دیر،،دا تیله‌ری نی ( دور) شکلندا یازدیم چونکی : بزله‌رعرب حرفله‌رینی قبول قیلغان - مزده‌ن کیمن ترکستان ادبیات چیله‌ر قوزولتایی ، عربچه‌داکی حرکاتله‌ر - اورنغه - و - ا - ی - ایشله‌تمه‌کنی قرار قیلغان ایدیله‌ر(م. بوغرا - ترکستان تأریخی ) عرب املا سندا " تُرغُن ، تُرسُن ،، یازغان نیڭ اورنغه " تورغون ، تورسون ،، یازماق قاعده سینی ایجاد قیلغانله‌ر.

شۇنيڭ بيلەن تركستان ادبياتى ، سۆزاۆزەكلەرىنى اۆيرىپ ( اعراب ) كۆرسەت كەنلەرىدا " دۇر،، نيڭ اسمىنى : " خبرنيڭ اداتى ،، دېپ نام بېرگەنلەر. بۇ حالدا اساسي قاعدەمزنى رعايە قىلماق بيلەن تأريخي ادبيات تمزغدا زينۇن لاشماغىمزغە تشبّث قىلدم . ( بعضى لەرنيڭ يازغانىدەك " دُر- دِر- دىر- دو،، شكللەرىنى قوللانمادم.

xxxxxxxxxxxxxxxxxxxxx

توگەنچى چوزوق بۇيروق دەن نمونەلەر:

=============================

| | اوقوز | اوقوما |
|---|---|---|
| ١ – | اوقوزيدۇر. | اوقوما يدۇر. |
| ٢ – | اوقوزيمەن . | اوقوما يمەن . |
| ٣ – | اوقوزيسەن . | اوقوما يسەن . |
| ٤ – | اوقوزيدۇرلەر. | اوقوما يدۇرلەر. |
| ٥ – | اوقوزيمز. | اوقوما يمز. |
| ٦ – | اوقوزيسز. | اوقوما يسز. |

" فغان ـ كى يارە وفا اهليگە ستم قىلا دۇر،، ( نوائى )

يەڭى بەرگلەرىنى كۆرگەنىمدا ـ كۆزۇم ـ
يەنە اميدغە آشيان قورا دۇر،،
( چولپان )

" چون اطاعاتى اولوالامر وجوبىن بيلا دۇر،، (كامل خوارزمى )

" عزيزبېك آسانلىق بيلەن جان بېرا دۇرغان كۆرۇنما يدۇر،،
(جولقون باى )

" کېچه کوندوز تىلا دورلەر سفىهاغە خذمت ،،
(کامل خوارزمی )

بۇ فعل نیڭ ( ١ ـ ٤ ـ) شکللەرىدا " دور ،، قوشومچەسىنیك تۇزۇلۇشی ، کۇچه (خلق ) تىلىدا : " ی ،، حرفىنە آیلانىپ :" یازادی ، یازمایدی ، یازادىلەر، یازمایدىلەر ،، بولۇب ، ادبیّات قبول قىلماغاندور .

××××××××××××××××××××××

## حاضرغی فعللەرنیڭ ٢ ـ نچی شکلی .

بۇیروقتا " ماقدا دور ،، قوشوش بیلەن حاضرغی فعل نیڭ ایککنچی شکلی تۇزۇلۇر. ٣ ـ ٤ شکلدا بۇیروقتە " تۇروب ،، قوشولور .

| | یاز | کېلمه ( کېمه ـ کەممه )(١) |
| --- | --- | --- |
| ١ ـ | یازماقدا . | کېلماقدا . |
| ٢ ـ | یازماقدامەن . | کېلماقدامەن . |
| ٣ ـ | یازىب تۇروبسەن . | کېلمای تۇروبسەن . |
| ٤ ـ | یازىب تۇروبدورلەر . | کېلمای تۇروبدورلەر . |
| ٥ ـ | یازىب تۇروبمز . | کېلمەی تۇروبمز . |
| ٦ ـ | یازىب تۇروبسز . | کېلمای تۇروبسز . |

(١) اوزبېك کۇچەسۇزىدا " کېلمه ،، نی ـ کېمه ـ دېسەلەر، اویغور کۇچه سۇزیدا ـ کەممه ـ دېرلەر . اگر، کۇچەسوزىنی اعتبار قىله دورغان بولساق ،ـ بۇیروق اساسی بولغان " کېلمه ،، اورنیغه باشقا اۇزەك تاپماققا مجبور دورمز . بۇحقدا اوزون مناقشه قىلماق اورنیغه ، کۇچه سۇزىنی اساس قىلغوچیلەر ـ اۇزتیللەریگه ـ اۇزەك تاپقونچه بز، اۇزیولىمزدەن قالمای مز . آتا ـ بابالەرىمزقالدورغان ادبی میراثىمزنی یوقاتمایمز .

## اۇچۇنچى اۇيۇم- اۆتكەن فعل (ماضى)

xxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxx

## = د ر س = ٢٨ =

اۆتكەن فعللەرا ۇيۇمندا اۇچ خىل فعل بار. (كۆرۈلگەن ، ايشتىلگەن، حكايە فعللەرى)

### كۆرۈلگەن فعل لەر.

بۇ فعل ، برايش نىڭ اۆتكەن زماندا بولغان ياكى بولماغانىنى - بىلىندۇرغاندا - بۇيرۇقتا " دى ،، قوشۇلماق بىلەن فعل نىڭ برنچى شكلى تۈزۈلگەن بولۇر. بۇنىڭغە ايشلەش نىڭ تۈرلەرى (نوع لەرى) قوشۇلۇب - يەنە بىش شكل هەم ياسالغاى. نمونەلەرى :

| كېلمە | كېل | يازما | ياز |
| --- | --- | --- | --- |
| كېلمەدى | كېلدى | يازمادى | ١- يازدى |
| كېلمەدىم | كېلدىم | يازمادىم | ٢- يازدىم |
| كېلمەدىڭ | كېلدىڭ | يازمادىڭ | ٣- يازدىڭ |
| كېلمەدىلەر | كېلدىلەر | يازمادىلەر | ٤- يازدىلەر |
| كېلمەدىك | كېلدىك | يازمادق | ٥- يازدق |
| كېلمەدىڭز | كېلدىڭز | يازمادىڭز | ٦- يازدىڭز |

بۇ فعل نىڭ ٦نچى شكلىغە" يازدىڭلەر، يازمادىڭلەر، كېلدىڭلەر، كېلمەدىڭلەر،، دىپ هەم ايشلەتىلور.

يەنە ٥نچى شكلداكى " يازدىق ،، اورنىغە " يازدەمز ، يازمادەمز ،، دېپ ×
يازىلغان نسخە لەرنى هەم اوچرەتەمز. ايسكى تورك قاعدە لەرىندا - ديوان
اللغات الترك - " كېچتىمز ،، يازغان بولسا ، گۈلتېكىن غە آتالغان - اور-
خون - آثارلەرىندا :" سۆزلەدىمز ، جۆنەدىمز ، يوكۈندىرتىمز ، قوندىرتىمز ،،
كبى فعللەرنى تاشغە اويوب يازىلغانىنى كۆرەمز.

xxxxxxxxxxxxxxxxxxx

## ايشتىلگەن فعل

بۇ فعل ، برايش نيڭ ايلگەرىدە بولب - بولماغانىدىن خبربېرەدور.
بۇ فعل نيڭ ايككى شكلى ( تورى ) بولور.
برنچىسى : بۇيرۇققە " غان ، قان ، گەن ، كەن ،، بېلگى لەرينى آلغان -
بولسە ، بولماغان فعللەرنيڭ بېلگىسى بولغان حرفلەرنى قوشماق بيلەن -
يەنە بېش شكلى هەم ياسالغاى.

| كېلمە | كېل | يازما | ياز | |
|---|---|---|---|---|
| كېلمەگەن. | كېلگەن | يازماغان | يازغان | ١- |
| كېلمەگەنمەن. | كېلگەنمەن | يازماغانمەن | يازغانمەن | ٢- |
| كېلمەگەنسەن. | كېلگەنسەن | يازماغانسەن | يازغانسەن | ٣- |
| كېلمەگەنلەر | كېلگەنلەر | يازماغانلەر | يازغانلەر | ٤- |
| كېلمەگەنمز. | كېلگەنمز | يازماغانمز | يازغانمز | ٥- |
| كېلمەگەنسز. | كېلگەنسز | يازماغانسز | يازغانسز | ٦- |

xxxxxxxxxxxxxxxxxxxx

## حكايە فعلى

بۇ فعل ، براىش نىڭ ياقىندەغىنە بولنان بولماغاننەدەن خبربېرەدۇر . بۇيرۇققە " ب دۇر ،، قوشۇب يازىلسەبرنچى شكلى ياسالغاى . اۇنىڭ ايشلە گۇچى (فاعل) بېلگىلەرى قوشولوش بيلەن يەنەبېش شكلى ياسالناى .

| يازما | ياز | |
|---|---|---|
| يازمابدۇر . | يازىبدۇر | ١ـ |
| يازمابمەن . | يازىبمەن | ٢ـ |
| يازمابسەن . | يازىبسەن | ٣ـ |
| يازمابدۇرلەر . | يازىبدۇرلەر | ٤ـ |
| يازمابمز . | يازىبمز | ٥ـ |
| يازمابسز . | يازىب سز | ٦ـ |

×××××××××××××××××××××××××××××××

## زمان سز فعللەر
درس =٢٩=

==========

بوفعللەرنىڭ اۆزىدەن " زمان ،، آڭلانمايدۇر . بوندا غ فعللەر اۆزلەرى دەن كيىن كېلگەن بر فعل غەباغلانىب ايشلەيدۇر . وە كيىن كېلگەن فعل ـ نىڭ زماننىدە باغلانىب قالادۇر . ايشلەگۇچى فعل ( فاعل ) لەرى هەم اۆز ـ لەرىگە ايمەس ، كيىن كېلگەن فعل غە قوشولوۇر . بولەرا ۆچ خىل بولوۇر :
برنچى حالدا ، اوزىدەن كيىن كېلگەن فعل نىڭ سببىنى بيلىندۇرادۇر . بويروقغا " غالى ، قالى ، كەلى ، گەلى ،، قوشوب ياسالادۇر . " بۆ باله ـ اوقىغالى كېلگەن ، مېن سېنى كۆرگەلى كېلدىم ، اۆ كتاب نى اوقىغالى آلادۇر ،، بونىڭ : ايشتكەلى ، آتقالى ، آچقالى كبى نوع لەرى بولوۇر :

رابغوزی یازغان " قصص الانبیا ،، دەن باشلاب بوکونکی شاعرلەر مزغەچە –
هەممە سسنك اثرلەرسندا بو شکل غە کورپ اوچراماق ممکن دور.

" احوال کوکول آلغالی برمحرم تاپمای ،
ظلمیگنی قرنداش غمیگنی پدر ایتدم ،،
(مشرب)

"اولوسقە قلغالی اسرارحکمتیگنی عیان ،
ضلالت اهلی ارا بولدی انبیا پیدا ،،
(امیر)

" یولوکغە آچوق – چشم حیران کبی ،
ساغا بولغالی مهر انور فدا ،،
(کامل خوارزمی)

" فرقت آتیدن یقلدم یارکیلدی سورغالی ،
ای شیبانی ، یاردردیگنە دوا قلدی یەنە ،،
(شیبانی)

---

ایککنچسی : " وقت فعلی ،،دور. بو فعل ، اوزدەن کیین کیلگەن فعل
نینك زمانی بیلەن اوزی تورگەن زمان آراسندا هیچ برایش اوتمەگەنینی –
بیلدرەدورادور. هەمدە ، کیینکی فعلنی اوزینینك بر نتیجەسی دەك کورسەتە
دور. بونی یاساماق اوچون بویرەقتە : " غاچ ، قاچ ، گەچ – کەچ ،،قو-
شولەدور. "یازغاچ ، آتقاچ ، کیلگەچ ، ایشتکەچ ، سزچا قرغاچ کیلدم ،
سینی کورمەگەچ قایتدم ، ایشکنی آچقاچ (ایچکەرگە ) کمردم ، اوغرسنی
تاپقاچ جزالەرمز ،، کبی .

اوچونچسی : "حال فعلی ،، دور. بوفعلنی یاساماق اوچون ، بولادورغان –
فعل غە " ب ،، حرفی ، بولماغانینە " ی ،، حرفی قوشولادور. مثالاً :
" باریب کیلدم ، اوقوب چیقای ، کوریب قایتقانمەن ، سوزلەمەی تور ! .

تېگمەی تۇرغۇمدۇر، آچىلمەی سولدی ،، دېگەنلەرداكی " باریب، اوقوب،
كۆریب، سۆزلەمەی، تېگمەی، آچىلمەی ،، فعللەری كبی •

بۇ فعل نیك ـ بولماغان شكللەری اورندا باشقا برشكل هەم بار: سۆزلەمەس
دەن اورنیگە " سۆزلەمەی ،، تىنمەسدەن اورنیگە " تىنمەی ،، آچىلمەس
دەن اورنیگە " آچىلمەی ،، شكلندا بولۇر •

بېشنچىسی : قوشما فعللەردۇر: " یازدىم، باشلەدىم ،، كبی ایككی فعل بر
بریگە قوشولوب ایككی سىنىك معنا سندەن ـ آرالاش " برمعنا ،، بېرگەن بر ـ
فعلبولادۇر• " یازا باشلادىم، كېلەباشلەدی كبی • بزبۇنیگفە "قوشما فعل ،،
دېب آتا یمز• قوشما فعلدا : معنی نیك آغىرلمقی برنچی فعلدا كۆرۇنۇش بیلەن
ایككنجی فعل نیك معنەسی اۇنیگفە " قید = باغلانىب ،، قالادۇر•

قوشما فعل یاساماق اوچۇن برنچی فعل نیك تۇگەمندا چوزغی (مدّ)بولسا،

"ی "" چوزوقسىزبولسا "ا ـ ـه "" قوشولور. ايككنچى فعل اوزحالىندا قالور.
مثلاً : " يازا باشلەدى ، اوقوى بېردەم ، يىقىلەقال ، اوّلەيازدەم "" كبى .

قوشما فعل نيڭ زمان بيلەن ، بولادوُرغان ـ بولمايدوُرغان اوّزگەرشلەر نىڭ هەممەسى ايككنچى فعلدا بولور. برنچى فعل اوّزگەرمەستەن قالادور؛ " يازا باشلەدىم ، يازماى باشلەدىم ديگەندا بو ـ ايككى ـ فعل نيڭ ايككسى هەم بولادوُرغان فعل دوُر. نيمەگەكى: ايككسندا هەم ايككنچى فعل ، بولادوُرغا نلىقىنى كوّرسەتماقدا دوُر. " يازا باشلاما دىم ، كوّرەقالمەديڭ "" ديگەندا ، بو ـ ايككى قوشما فعل نيڭ ايككسى هەم بولماسلىقنى كوّرساتماقدا ـ بولغان فعل دوُر. ( ايككسىنى هەم ايككنچى فعللەرى بولوشسىز فعل دوُر)

قوشما فعلنى يازغاندا برنچى فعل بيلەن ايككنچى فعل آراسيغه ( ـ ) چزىغى ـ قوينولوُر. ( يازا ـ باشلادىم ، يازماى ـ باشلا دىم ) كبى .

آیرىم فعل نیڭ زمان بیلەن ، ایشلەگوچی بیلەن ، بولادورغان - بولمایدور غان فعللەربیلەن قانداغ اوزگەرگەنینی كوردیك • قوشما فعل نیڭ هەم شوندا غ اوزگەرشلەری بولادور • قسقەچەدیدورغان بولسەك ، آیرىم فعل نیڭ ٤ اویومی بولغاندەك - بونیڭ هەم تورت اویومی باردور •

قوشما فعللەرنیڭ بیلدورگەنلەری معناغەقاراغاندا برنیچچەتورلی بولادور:

باشلاش فعلی : یازا - باشلا ، یازا - باشلاما ، یازما ی - باشلا ، كورە - باشلامادىم ، توشە - باشلادیك ، بارا - باشلا ، كیلە - باشلاغان •

یاقمنلاش فعلی : اولە - یازدىلەر ، تسنە - یازمادىم ، كمرە - یازدیك ، یىقلە - یازغانسەن ، كورما ی - یازدیگز •

آشقماق فعلی : یازا - قال ، یازما ی - قال ، آیتە - قالدی ، ایشتە - قالماس ، بارا - قالغوسىدور ، اورا - قالدی ، آیلەنە - قالای ، بیرە - قالدىلەر •

دوام فعلی : یازا - بیردی ، سوزلەی - بیرما ، اوقوی - بیرەسەن ، آیتە - بیر ، كیتە - بیریك ، اورا - بیرگەن ، ساچا - بیردىم ، توكو لە - بیردىلەر ، آلا - بیرما ، ....

بولدوروش فعلی : بارا - آلەرمەن ، تورا - آلمەیسەن ، كورا - آلغومدور ، كیتە - آلورمز ، كیلەلمەیمز ، بیرەلمەیسەن ، قویالمەیسز •

بولماق ، قىلماق ، ایتمەك فعللەری : عربچە تورکچەصفت ، اسمغەقوشولوب برفعل بولادورلەر • " ممكن بولدی ، یخشی آیتدیك ، مین اونی كولكوقىلدىم ، مین سینی دوست توتدىم "، كبی •

خط يازدىم ، شهربار دىم ، اوغرى توتدىم ، ايش قىلدى · دىگەنىمىزدا بۇ سۆز لەرنىڭ هيچ برى قوشما فعل بولمايدى · نيمە اوچونكى : بۇنداكى اسم بيلەن فعل آراسيدا " نى ، گە ، غە ،، قوشۇمچەسى - قوشۇب سۆزلەگەن دا معنا لەرى بۇزۇلماس · مثلاً : خط يازدىم اورنيغە " خط نى يازدىم ،، اوغرى توتدىم - اورنيغە " اوغرىنى توتدىم ،، ايش قىلدىم ، اورنيغە " ايشنى قىلدىم ،، دىگەندا معنى لەر بۇزۇلمەيدۇر ·

يوقارىداكى قوشما فعللەردا بولسە ، فعل بيلەن اسم آراسىندا " نى ، غە - گە ، كىرىش بيلەن معنا لەرى بۇزۇلەدۇر · مثلاً : " ممكن بولدى ،، يازمىش اورنيغە - ممكن نى بولدى - يازىلسە ، ياكى : يەخشى أيتديك اورنيغە " يخشى نى أيتديك ،، دوست توتدىم ، اورنيغە " دوست نى توتدىم ،، دىب بولماس ·

برفعل ياكى براسم ، يارىمچى فعل غە قوشۇلوب هەم قوشما فعل بولغانى بۇنداغ قوشما فعل نى بيلماق اوچون يارىمچى فعل نى بيلماغىمىز لازم ·

يارىمچى فعل نىڭ اۆزەكى ، بۇيرۇغى " اير ،، بولوب ايش اسمى " ايرمەك ،، دۇر · براق ، بۇلەرنىڭ ايككىسى هەم ايشلەتىلمەيدۇر · بۇ اۆزەك دەن ياساغان فعللەردا ايشلەتىلگەنلەرى تۆبەنداكيلەردۇر :

١- ايدى ، ايدىم ، ايديك ، ايدىلەر ، ايدىڭىز ·

٢- ايرۇر ، ايرۇرمەن ، ايرۇرسەن ، ايرۇرلەر ، ايرۇرمىز ، ايرۇرسىز ·

٣- ايكەن (دۇر) ، ايكەنمەن ، ايكەنسەن ، ايكەنلەر ، ايكەنمىز ، ايكەنسىز

٤- ايسە ، ايسەم ، ايسەك ، ايسەلەر ، ايسەڭ ، ايسەڭىز ·

٥- ايمىش ، ايمىش مەن ، ايمىش سەن ، ايمىشلەر ، ايمىش مىز ، ايمىش سىز ·

٦- ايمەس ، ايمەسمەن ، ايمەس سەن ، ايمەسلەر ، ايمەسمىز ، ايمەس سىز ·

(يوقاريدا-اۆتكەن نمونەلەر: " ايردى ، ايكەن ، ايرمش ، ايرسە كبى - يازلىش بيلەن يارديچى فعل نيڭ اۆزەكي" اير "نى كورسەتسب تۇرەرا يدى كيەن راق " ر "حرفى توشوب قالغان ٠ )

اۆتكەن صيغە داكۆرسەتلكەن ٦ خىل ياردمچى فعللەردەن بيشى نيڭ بولوشسز (صيغە ) سينى ياساماق اۈچۈن هەممەدەن بۈرۈن " ايمەس "فعلى نى ايشلەب كۆرمەك لازم ٠

اورنەكلەر:

١ - ايمەس ايدى ، ايمەس ايدىم ٠

٢ - ايمەس ايرور ، ايرۈرمەن ٠

٣ - ايمەس ايكەن ، ايمەس ايكەنمەن ٠

٤ - ايمەس ايمش ، ايمەس ايمشمەن ٠

٥ - ايمەس ايسە ، ايمەس ايسەم ٠

## ياردمچى فعل نيڭ ايشلەنشى

بۇ كۆمەكچى فعل ، " زمانسز فعل " اۈيۈمندا كۆرسەتلكەن فعللەرغە قوشولمايدۇر ٠ شۇنىڭدەك " كۆريلكەن فعل "غەهەم قوشولماس ٠ " سۆكگى - زمان فعللەريگەهەم قوشولمايدۇر ٠ قالغان هەممە فعللەرگە قوشولوب ، اولەردا كى " خبر "معناسىنى " حكايە "معنى سيگە آيلەندۆرادۇر :

١- مين كيلمب ايدم ، اۇ كيلمەب ايدى ، سين كۆرىب ايديڭ ٠

٢- مين كيلمش ايدم ، اۇكيلمەس ايدى ٠

٣- مين كيلگەن ايدم ، اۇ كيلمەگەن ايدى ٠

٤- سين يازماقدا ايديڭ ، اۇ لەريازماقدا ايديلەر ٠

٥- مين يازار ايدم ٠

٦ـ سېن يازارا ېديك ، سېن يازماس ا ېديك .

٧ـ يازسه ا ېدى ، يازساڭ ا ېديڭ .

٨ـ اوقوتقاى ا ېدىم ، كۆرمه گەى ا ېديك ، اولتورماغايى ا ېدىڭز .

٩ـ يازارا ېدىم ، يازماس ا ېدىم ، اوقور ا ېدىم ......

يا ردمچى فعللەر صفت غه اسم غه قوشولوب قوشما فعل ياسا يدورلەر .

" او كونى كېلگەن كشى ، احمد ا ېدى . بزنيڭ يورت ا وزاقدا ا ېدى .

مېن ا يچكەن ( مېنيڭ ا يچكەنىم ) سوڭ ا ېكەن . او (كشى ) ا وقوتقوچى

ا يمش ،، كبى لەر .

xxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxxx

## فعل لەرنيڭ باب لەرغه آيرلماغى

## د ر س = ٣٠ =

==============

احمد كتابنى ا وقودى . ا وقوتقوچى ، ا وقوغوچىنى چاقرغان .
چولپان شعرىنى يوباريا يدور . يوقاريدا كى " ا وقودى ، چاقرغان ، يوبار ـ ما يدور ،، دېگەنلەر يمز فعل بولوب ، " احمد ، ا وقوتقوچى ، چولپان ،، لەر شو فعل نيڭ ا يشلەغوچى لەرى دور .

بز بو فعللەرنيڭ ا يشلەغوچى لەرى بيلەنمنه " احمد ا وقودى ، ا وقوت قوچى چاقرغان ، چولپان يوباريا يدور ،، ديدورغان بولساق ، سوزىمزنى ـ تڭلاغان كشى :" نيمەنى ، كيمنى ؟ ،، دېب سوراماغى لازمدور .
شول سواللەرغه جواب بولسون ـ دېب " كتابنى ، ا وقوغوچىنى ، شعرىنى ،، دېگەن بولديك . ا وندا غ بولسا بز فعللەر ، اوز ـ ا يشلەغوچى لەريدەن صادر بولغاچ ، تأثيرلەرينيڭ باشقا بركيمگەياكى برنەرسەگە توشماغى باردور .

اۇ بولسا " كتاب ، اوقوغوچى ، شعر ،، دەن عبارتدۇر٠ ايشلەگوچيدەن ـ صادربولۇب ، تأثيرى باشقا نەرسەگە ياكى بركمسەگە اۆتكەن فعلغە "اۆتمم فعلى ،، ديب آتاپ برنچى باب اعتبارقەلەمز٠ " يامغۇر ياغمايدۇر ، بۇلۇت لەر كېتكەن ، قۇياش چمقدى ،، ديگەنمزداكى " ياغمايدۇر ، كېتكەن ، ـ چمقدى ،، سۆزدەن كيىن " نيمەنى ؟ ، كيمنى ؟ ،،ديگەن سورا ققەحاجت تۈشـ مايدۇر٠ ديمەك : بۇفعللەر ، اۆزا يشلەغوچى سيدەن صادربولغان تأثيرلە رى باشقاغە تۈشمەيدۇر٠ مۇنداغ فعلغە فعل لازم ديب آتايمز(بۇ٢نچى فعل بولدى ٠)

" شريف ، تۇرسۇن بيلەنسۆزلەشدى ٠ تۇرسۇن بيلەن شريف سۆزلەشدى لەر٠ ايككى اورتاق سۆزلەشدىلەر٠،، ديگەنمزدا ، " سۆزلەشدى ، سوزلە ـ شدىلەر،، فعللەرى برايشنى ايككى ايشلەگۆچى طرفندەن بر- برلەريگە قارا تمب ايشلەگەنينى بيلـدۇرادۇر٠ مۇنداغ فعلغە " اورتا قلمق فعل ،،ديپ ـ آتايمز٠( بۇبيلەن اوچ بولدى )

" اورتا قلمق فعل ،،نى ياساماق اۈچۈن بۇيرۇققە (ش) قوشۇلۇر٠ مثلا: يازشەدۇر ، يازشا رمز ، كېلشكەن سز ،، كبى ٠ بۇلەرنى بولۇشسز قىلماق ـ اۈچۈن (ش ) دەن كيىن " ما ـ مە ،، قوشۇلۇب : " يازشمايدۇر ، يازشارمز ، كېلشمەگەن سز ،، كبى شكللەنەدۇر٠

---

بۇ بابلەرنيڭ هەربرى دەن باشقا بابلەرياساماق ، يوقارىداكى اوچ باب فعللەرنيڭ تۆپ بابلەريدۇر٠ بۇلەرنيڭ هەربيدەن باشقا بابلەرتوزمەك اۈچۈن آيرىم قاعدەلەربار:

١ـ " اۆتمم فعل ،، لەرينيڭ بولۇشليكلەرىگە " تمر ، دۇر ،، قوشۇب ـ ايككنچى درجه " اۆتمم ،،فعل ياسالادۇر٠ بۇنى بولوشسز قىلماق اۈچۈن

" تەر،دۇر،، دەن كيىن " ما ـ مە،، قوشۇلادۇر.

" تەر،، قوشۇلغانيغەمثال : آچتەر، آچتەرما ، چيكتەر، چيكتەرما ،، بولۇر.

" دۇر،، " " : يازدەر، يازدەرما ، بيلدۇر، بيلدۇرما ،، "

بۇ بابنيڭ بعضى فعللەر دا ـ تەر ـ قوشۇمچەسيدەنقدا( ت ) قالسە ، يەن باشقا حالدا ( ر ) غىنە قالادۇر. اۇنيڭ مثالى : اۇچىر، آشىردىلەر، پىشىرگەنلەربولۇب ، ( ت ) حرفى قالغانيغەنمونە : يىقىت ، اوقۇت ، بىزەت ، ياساتمەديڭ ، اوقۇتمادىم شكلندا بولۇر.

٢ـ فعل لازم،، دەنيوقاريقى قاعدەنه قاراب " اۇتەم ـ متعدّى ـ فعل ،، ـ ياسالادۇر. براق ، بۇلەرمعنا اعتبارى بيلەن برنچى درجە ـ اوتەم فعل بولادۇر. ( چونكى ـ بۇلەر، اۇتەم فعل دەن ايمەس ، فعل لازم دەن تۇزۇلگەن دۇر.)

" تەر ،، قوشولغانلەريگەنمونە : كېلتەر،كېلتەرمەيدۇر،كېلتەرگەن.

" دەر،، " " : سىندەر،قاندەر،ميندەريڭ ،ميندەردىلەر.

" ت ،، " " : ياساتقانلەر،اوينا تەڭلەر،اولتۇرتمادىم ،

" ر ،، " " : تۇشىرسە، تۇشىرماسا ، چىقارغىل ، باتەرما.

يوقاردا كى لەردەن تاشقارى هەرا يككى بابدەن هەم فعللەرياسالغاندۇر.

" كۇرگەز، كۇرسەت ، تويغوز، تۇرغۇز ، يېتكىز، كبى.

٣ـ " اورتاقلىق فعل ،، لەرى يالغوز " تەر،، قوشۇمچەسى بيلەن غىنە "اۇتەم ،، فعل غە آيلانادور. " كېلىشتەردىم ، كېلىشتەرمەدىم ، بوزىشتەردىلەر ، اۇرۇشتەرغانلەر ، أيتىشتەرمەديڭ ، آلىشتەرسە ، آلىشتەرماسا. كبى.

يۇقاريداكى اۆتۇم فعل لەرىنى يەنە بر درجە آرتدىرماق اۈچۈن " تەر ، ت ""
قوشۇمچەسى قوشۇلادۇر : " تەر ـ ر "" بيلەن تۇزۇلگەنيگە " ت "" قوشۇلغان
حالدا : بيلدىرت ، سىندىرت ، قاندىرت ، يازدىرت ، بيلدىرتمە ، آچىرت ""
جيكتىرتديك ، آتتىرتتىلەر ، كيلتىرتمەدىلەر "" پيشىرت ، اۈچىرتما ، ـ
چىقارتىب ، باتىرتقان ايدىم ·
" ت "" بيلەن تۇزۇلگەنيگە " تەر "" قوشۇلغانى : اوقۇتتىر ، ياشاتتىر ، ـ
ياساتتىرامز "" بيزەتتىرمەگەن ، كۆرسەتتىرمەگەن ايدىم ، تىڭلاتتىرما ···

٤ـ مجهول فعل "" لەر : سينكتابىنى آچديك ـ كتاب آچىلدى ·
معلم مينى چاقىرتىردى ـ مين چاقىرىلدىم · طلبە درسينى يازغاندۇر ـ
درس يازىلغاندۇر · ديب اوقۇپ اۆتكەن لەرىمزداكى : " آچديك ، چاقىر
دى ، يازغاندۇر "" فعل لەرى اۆتىم فعللەرى دۇر · بو فعللەرنيك ـ
ايشلەگۇچيلەرى " سين ، معلّم ، طلبە "" دۇر · شۇل ايشلەگۇچيلەرنى ـ
ايشدەن چىقارامز ـ دە ، اۇزنيك اورنيغە : كتاب ، مين ، درس سۆزلەرى
نى قويىب ، يۇقاريداكى فعللەرنى شۇل لەرگە نسبت بيرىب آيتەمز :
" كتاب آچىلدى ، مين چاقىرىلدىم ، درس يازىلدى "" · بۇنداغ بولغان
دىن كيين بۇرۇنقى شكلدا " آچديك ، چاقىردى ، يازغان "" ديگەن فعل
لەرنى براز اۆزگەرگەنينى يعنى بۇيرۇقلەريگە ( ل ) قوشۇلغاننى كۆ
رەمز · مانا مونداغ فعللەرنى " مجهول "" فعللەرديلور · مانا بو ـ
يوقاريداكى اۈچ بابنيك ٤نچىسى دۇر ·
اورتا قلىق اۆتىم ، قالىم بابلەرينيك ـ هەممەسينيك بۇيرۇقيغە ( ل )
قوشماق بيلەن " فعل مجهول "" ياسالۇر · بۇ فعل نيك بولوشسىزقسمى
غە (ل) دەن كيين " ما ـ مە ـ "" لەر يازىلماغى ييتەرليكدۇر ·

"يا زىلدى ، يا زىلما دى ، ا وقۇلغا ن ، ا وقۇلما غا ن ،،كبى لەر مجهول دۇر ·
اۆتىم فعللەرى دىن ياسالغا ن مجهول فعللەرشكلى : يا زدىرىلدى ، ا وقۇتۇل
ما يدۇر ، ا وقۇتتىرىلسا ، يا سا تتىرىلغا ن ، كېلىشتىرىلسەن ، يىغىشتىرىلغان ،
ا ۆرۆشتىرىلمەيدۇرلەر ، كېلىشتىرىلمەيدۇر~~لەر~~ ·
" ا ورتا قلىق فعل دەن ياسالغا ن مجهول فعللەر : يا زىشىلدى ، كېلىشىلگەن ،
سۆزلەشىلگەى ، يىرا قلەشىلگەى ، يا زىلىشما يدۇر ، كېلىشمەگەن ·
سۆزلەشىلمەگەن ، يىرا قلەشىلما غا ن ·
" سىلت ،، دەن ياسالغا ن مجهول فعل لەر : با رىلدى ، چىقىلدى ، يۇرىل ـ
دى ، چا رچا لدى ، يېتىلدى ، با رىلما دى ، چىقىلما دى ، يۇرىل ـ
ما دى ، يېتىلمەگەن ·
" بىل ، قال ، كېل ،، دەك ، تۈگەنچى (ل) بولغا ن بۇيىرۇق ـ
لەردەن مجهول فعلى ياسالغا ندا (ل ) ا ورنىغە (ن) بيلەن تۈزۈلۈر ·
( بيلىندى ، كېلىندى ، كېلىنەدۇر ، سيلەنگەندۇر (مكافا تلەنگە
ندۇر ) قالىنا دۇر ، آلىنغا ندۇر ) كبى ·
٥ـ "اۆزلىك فعل ،، دەن ياسالادۇرغا ن مجهول فعل لەرگە كىرىش و نمونەلر :
تۈگەنچى دا (ل) بولما غا ن بۇيىرۇقتا (ن) قوشولۇپ تۈزۈلگەن برتۈر
لى فعل هەم با ر : " كورىنەدۇر ،، ا ويغا ندى ···كبى فعللەرنى ـ
مجهول فعللەر قا تا رىغە قوشا لما يمز · چۈنكى بۇلەرنىڭ مجهوللە ـ
رى " كورىلەدۇر ، ا ويغا تىلدى فعللەرى دۇر · (كۆرۈنمەك ،ا ويغا ت ـ
ما ق ) بيلەن " كۆرۈلمەك ،ا ويغا تىلما ق ،،آرا سىندا كى آيرىما آ ن
چا بۇيۇكدۇر · بۇلەر " اۆزلىك فعل ،، بولۇر · تۇبەندا بۇ اۆزلىك
فعل ،، لەرنىڭ مجهوللەرى بيلەن نمونەلەرينى كۆرسەتەمز ·

| مجهول لەر | اۆزلیكلەر |
|---|---|
| كۆرىلدى • | كۆرىندى • |
| یۇۋىلدى • | یۇۋىندى • |
| سۆپۈرۈلدى • | سۆپۈرۈندى • |
| تارتىلدى • | تارتىندى • |
| بېزەلدى • | بېزەندى • |
| یاسالدى • | یاساندى • |
| اۆزگەرتىلدى • | اۆزگەندى • |
| آزۇرتىلدى • | آزۇندى ....... |

اوتكەن صحیفەمزدا ، آخرقی حرفی (ل) بولغان فعل لەرنیڭ مجهولیگە (ن) بیلەن توزوب كۆرسەتكەن ایدیك • بز بابدا هەم اوشال قاعدە "مجهول ، اۆز-لیك فعلی ،، قىلىپ ایشلەتىلەدور •

---

ایككنچی اۆزەكدەن یاسالغان فعللەر ، بویرۇقتا ایمەس اسم ، صفتغە قوشۇمچە لەر قوشوب توزۇلگەن فعللەرگە " ایككنچی اۆزەكدەن یاسالغان فعللەر ،، دېگەیمز • مۇنداغ فعللەر اسم یاكی صفتغە "لا- لە ،، قوشۇپ یاسالۇر:

| | |
|---|---|
| كوچلەمەك = | مجبورا ایتمەك • |
| اولۇغلاماق = | تعظیم ، حرمت قىلماق • |
| آقلاماق = | گناەسىز تاپماق • |
| قارالاماق = | گناە لیك تاپماق • |
| تىشلەمەك = | تیش بیلەن اوزمەك • |
| قىشلاماق = | قىشلەب قالماق (تورماق) |

تا يا قلاماق = . . تا يا قلاماق(تا يا قبيلەن ا ۆرمەك)

«لاش ، لەش ، لان ، لەن ، ار،، ـەر، اي ، ـەي ،،بيلەن ياسالۆن:
( سوللاشماق ، قزىللاشماق ، اوڭلەشمەك ، قىزارماق ، كۆكەرمەك ، آقارماق
آتلانماق ، سارغايتماق ، كۆپەيتمەك ، آزايماق ،، كبى ٠ )

٦ـ نچىسى آت آلماشلەرى : " تېمورنى كوردىم ، تېمورمېنگەدفتربېردى ،،
(٢) اورتاغىمگە باردىم ، اورتاغىمدەن كتاب آلدىم ،،
دېگەنىمزدا " تېمور، اورتاق ،، لەر ايككى قايتا سۆزلەنگەن ٠
قاعدەگەقاراغاندا ، بۆزۆق بولماساهەم آڭلانىشى ساۋۇق آڭلانا دۆر ٠
بۆلەرنى اۆيغۆنلەشتىرمەك اۆچۆن ، ايككى قايتا تكرارلەش اورنيغە :
تېمور، اورتاق سۆزلەرينى " اۆ،، سۆزى بيلەن آلماشتىرامزدە :
" تېمورنى كوردىم ، اۆ مېنگەدفتربېردى ٠ اورتاغىمگە باردىم، اۆن
دەن كتاب آلدىم ٠ دېمەسەللىق لەشكەنى معلوم بولادۆر ٠
بركيشىدگە :"يازديڭ ،، دېمەكچى بولغانىمزدا ، اۆنيڭ نامىنى هەم قو-
شۆپ ،(احمد ، يازديڭ ) دېمەيمزدە "سېن يازديڭ ،، ديدۆرمز ٠
كۆپچيليككە قاراب :"سىزلەريازديڭزلەر،، ديدۆرمز ٠
بركيشى اۆزنامنى " مېن ،، دېمەك بيلەن ، كۆپچيليك بولسالەر:بز-
لەر،، سۆزىگە آلماشتىرادۆرلەر ٠ شۆل سبب لەرگە يۆلەنىب تۆرۆب ،
بۆ موضوعىمزغە"آت آلماشلەرى ،، دېب ،تۆبەندا نمونەكۆرساتامز :

آت آلماشلەرى (برحالندا ) كۆپليك حالندا :

١ـ اۆ ٠ ٤ـ اۆلەر ٠

٢ـ مېن ٠ ٥ـ بز= بزلەر ٠

٣ـ سېن ·　　　٦ـ سىز= سىزلەر ·

## كۆرسەتكۈچى آلماشلەر ·

| | |
|---|---|
| بۇ = بۇل · | بۇ لەر · |
| شۇ · | شۇ(ل) لەر · |
| اۇش بۇ · | اۇش بۇلەر (١) |
| مەنە · | مەنەۋلەر = ماناۋلەر · |
| مەنە- بۇ · | مەنە بۇلەر · |
| مەنە- اۇ · | × مەنە اۇلەر · |
| اۇشە = اۇشال · | اۇشە(ل) لەر · |
| أنە (أنە) | أنەۋلەر · |
| أنە اۇ · | أنە اۇلەر · |

(١) ابېكى تركستانچە دا " اۇش ،، دېگەن آيرىم سۆزبولۇپ معنىسى :خوددى دېگەن بولۇر · ( اۇش بۇ) دېيلگەندا " خوددى بۇ ،، دېگەن معنى چىقا دۇر تىل قاعدەسىگە اعتبار بېرگۈچىلەر ، (اۇش بۇ) شكلدا يازا دۇرلەر ·

## سوراش آلماشلەرى

نېچون؟ ، نوچۇك؟ ، نېگە - نيمەگە ؟ ، قاندا ى ؟ ، قالاى؟ ، قاچان؟ قايدا؟ ، قاياق - قاى ياق ؟ ، كىم ، نيمە؟ ، قانچا؟ ، نېچە ؟ ، بۇلەرنىڭ عدد ، حال ، كيفيّت حقندا سوراما قتا ايشلەتىلە دور ·

# يېتتنچى باب

## يا ردمچى سۆزلەر·

### = د ر س = ٣١ =

سۆزنيڭ يېتتنچى تۆرى " يا ردمچى سۆزلەر ،، دور·

يا ردمچى سۆزلەرنيڭ بورونقى ( بېش ) سۆزدەن فرقى - شۇ لەر- دۇر·:
بۇلەر آت ،(اسم) فعل ، صفت لەرغە قوشۇلادۇرغا ن قوشۇمچە لەرنيڭ هيچ برينى - قبول قىلما يدۇر· مثلاً : اصلا × غە ، سىر × غە ، ايڭ × غە- ايڭ × دەن ديىلما يدۇر· بۇبا بدەن برنېچچە نمونەلەر كۆرسەتما غمز لازمدۇر:

١- كۈچەيتمش كۆمەكچىلەرى : أسرۇ ، جۇدە ، هيچ ، البتّە ، اصلا ، سىر ، ايڭ ، بۇتكۆل ، خۇددى ·

بۇ لەرنى برسۆزنيڭ معنا سىنى كۈچلەندۇرمەك اۈچۈن تۈبەندا گىچەيا زىلۇر:
" بز سېنى "اصلا ،، كۆرمەديك · بۇ أسرۇ اۆزۈندۇر· سېن مېنى هيچ كۆر- كۆرمەديڭ ، اۆ- جۇدە- قىسقەدۇر· بۇكتاب- سىرە- بيتمەيدۇر· ايرتەگە - البتّە - با رامز· ايڭ - يەخشى كتاب بېر· - چېندەن - كۆپ سۆزلەشديك·

٢- اورون كۆمەكچى لەرى : آرا ، ايچرە ، اۆزە ، اۆزرە ·
شەهەرآرا كىردىم · اۆى ايچرە اولتوردىك · باش اۆزرە قويدىم.

يەنە ايككى معنىنى قا تلاپ كۆمەكچى ليك قىلا دۇرغا ن:( تاغىن ، داخى ستخى ، بيلەن ، ايلە ، لە ، يەنە ، هەمدا ، دە ) قوشۇمچە لەرينيڭ مثا للەرى:

" مەنە- تاغىن - كېلدى . بۇ داخى - تخى كېلدى . شريف ايلە كريم كېلدى يەنە- يازە سېن هەم ياز! ،،. احمد بيلەن شريفنى هەم كۆردىم . شريف كېلگەن ايدى . احمد هەم كېلدى .

شرط كۆمەكچى لەرى : " يوقسا ، اگر ، اگرچە ، دېگەنلەر ىمزهەم كۆمەكچى سوزلەردەن دۇر . آرا داكى "اگر - اگرچە ،، سۆزلەرى فارسچەدۇر . بۇ فارسچەنى ايشلەتمەسلىك امكانى بار . مثلاً :" اگرچەسېن كېلمەديڭ - مېن كېلدىم ،، دېگەننيڭ اورنيگە : " سېن كېلمەسەڭ هەم مېن كېلدىم ،، دېيلسە يەنەهەم گۆزەل بولور . ( خاقانيەتركچە سىندا - يوسف حاجب وە محمود الكاشغرى لەر- قوللانغان : " قالى ، آپاڭ ،، لەرنى اۆزلەشترىلسە فارسى لەرنيڭ - اگر، اگرچە - لەريدين قوتۇلغان بولامز-)

ايككنچى مثال : "اگر كېلسەڭ ،، دېمەكچى بولغاندا هەم " اگر ،، ايشلەتماس دەن ، ( كېلسەڭ ) دېيلسە كفايە قىلادۇر . چونكى : سۆزنيڭ معنىسندەن - اگر معنىسى - آڭلاشىلۇر .

آ- "بلكم، يا ، ياكى ، ياخود ، سۆزلەرى آيرىق سىزلىكنى بيلسندۇرادۇر .

ب - "كاشكى ، شايد، دېگەنلەر آرزو كۆمەكچىسىدۇر .

ج - "ايسز ، افسوس ، أتتەڭ - ئە ، هەى أتتەڭ ، دېگەنلەر حسرت ارمان - كۆمەكچى لەرىدۇر .

د - " آينىقسا ، خصوصاً ، عموماً ، ذاتاً ، بعضاً دېگەنلەر حال كۆمەكچىسىدۇر .

هـ - " هە ، خوب ، لەر جواب كۆمەكچى لەرىدور .

و- " سايىن ، سايى ،، دېگەنلەر نسبت كۆمەكچى لەرىدۇر . مثلا :ايككى - فعل نيڭ آراسىنداكى نسبت نى كۆرسەتكەن دا " اۆ بارغان سايىن بز -

قاچدیك · قۇیاش کۆتەرىلگەن سایىن هوا اسسىدی کبی ·

ز – " غسنه ، گسنه ، قسنا ، کسنه ، فقط ،، دیگەنلەر چیکنش کۆمەکچیلەری مثال اۇچۇن : فقط بزکیلدیك · بزغسنه کیلمەی قالدیك کبی ·

ح – " کم – کی ،، ایضاح کۆمەکچیسیدۇر · مثالی : بیلسندۇرامەنکم ، اعلان قىلىنا دۇرکی .....

ط – " براق ، لیکن ،، دیگەن سۆز ، برنەرسەنی چەقارش کۆمەکچیسیدۇر · مثالی :" هەممەلەری آلدىلەر" براق ،، مین قالدم کبی ·

ی – " اۇچۇن ، چۇنکی ،، دیگەنمز ، سبب کۆمەکچیسیدۇر ·

ك – " چا – چە ،، دیگەنمز ، چاما کۆمەکچیسیدۇر · مثالی : یىگرمەچە ، یۇزچە ، میڭلەرچە دیگەنمز ، نسبت گەهەم کۆمەکچی بولالغای مثلاً : " روسچە ، ختایچە ، عربچە ، سۆزلەیدۇر · دیگەنمز نسبت بولۇر · " مین کیلگۇنچە تۇر ،، دیگەندا ، زمانغە کۆمەکچی بولۇر ·

ل – "دا ۋۇر ،، برایش نیڭ ایتەگینی کۆرسەتمەککە ایشلەتىلۇر · مثالی :یۇز یىلغەدا ۋۇرکۆتەمز · شهرگەدا ۋۇربارامز · دیگەنلەرکۆچەسۆزی بولۇب بعضاً ادبی یازىقتا هەم کسرگەندۇر · قوپاللىدغی اۆز – اۆزىدەن معلوم- برلساهەم ترك تیلی ترکیبندا بولغانلىق حرمتی باردۇر · بۇنیڭ اورنی غەادبی میراثلەرمزدا کۆرسەتىلگەن " غە – چە ،، قوللانما قتولای ۋە گۆزەل دۇر ·

م – " آه ، اۇوف ، ایخ ،، دیگەنلەرمز ، سیزگۇ کۆمەکچیلەردۇر · بر غسنه" ایخ ،، سۆزی روسچە بولغانی اۇچۇن بزلەرغە یاتدۇر · زمانەمز ادیبە شاعرلەری بۇنی کۆپ ایشلەتشلەریداکی سبب گەتۇشۇنالمادم · فقط ، انسانی ذوق اۇچۇن بولسا ، " آه – اۇف ف ،،لەرمزشاعرانەلطانت –

غه ایگه بولغان حالدا وحشی ، ظالملەر پیشقەدەمیدە ماسلاشقان ، تاماغنی قەدرمەپ چیقا دۇرغان آتا لمانی ترکستانلیلەرغه مال قیلیپ بیرەمەن دیمەك ، ترکستانلیکلەرنیڭ ذوقیغه مناسب تۇشماسلیکی معلومدۇر .

## سەككزنچی باب

## بیلگیلەر

### د ر س = ٣٢ =

سوراق بیلگولەری بولغان " می ـ مۇ " سوالیغه جواب اورنیدا :

" نیڭ " دیگەنیمز ، برنەرسەنیڭ کیمگە ۔ نیمەگە قاراشلیقلیکینی بیلدیر۔ دۇرگوچی " قاراش بیلگوسی دۇر . مثال اوچۇن : " اونیڭ باغچەسی ، باغچە ۔ نیڭ ایشکی ، شریف نیڭ کتابی ، نوائی نیڭ شعری " کبی .

" قاراش بیلگوسی " بر اسمغه قوشولوپ کیلگەندەن کیین ، اونیڭغه برلەشیب کیلگەن اسمغا اوچۇنچی تۇرلی " آلماش ایزلەری " قوشولۇر . مثلاً : باغچەسی ، مینیڭ قلمیم ، سینیڭ قاغازیڭ (کاغذ) اولەرنیڭ شعر۔ لەری ، سزنیڭ ایشکز ، بزنیڭ تورموشیمز کبی .

" نیکی " بوهەم قاراش بیلگوسی دۇر . ( بو شعر لطفی نیکی ) کبی .

" غا ـ قا ـ گە ـ کە ـ دەن ـ دین ـ دە ـ دا ـ بو ـ نی "

بیلگولەری بر فعل نیڭ ایشلەگوچیسی دەن باشقا ، کیمگە ، نیمەگە نسبتی ـ بولغانینی کورسەتەدۇر . مثال اوچۇن " نی " غه قویولغان مخصوص اسمنی ـ تۇشمە بیلگوسی " دیلۇر . " مین کتابنی یازدیم " دیگەندە ، یازماق ایشی نیڭ تأثیری کتابغه تۇشکەنینی کورسەتکەن بولۇر .

" غا ـ قا ـ گە ـ کە ـ " دیگەنلەرنیڭ اسمی " باریش بیلگوسی "

دېب آتالغاندۇر. مثلاً : مكتب غەبارەدىم، شەهرگەقاچدىم ، اورتاغىمگەكتاب بېردىم. دېگەنەمزدا ؛ بوندا قاتناشقان فعل لەردەن : شەهر، مكتب ، اورتاق غەقاراتقان برحركت بارلىغى آنگلاشىلەدۇر.

" دەن - دىن "، بېلگۆلەرى : " چىقىش بېلگىسى "، دېپ آتالۇر.
مثلاً : اۆيدىن كېلدىم ، كتابدەن آنگلادىم . دېگەندەك فعللەردەن آنگلانغان حركت :" اۆى ، كتاب "، دەن باشلانغانىنى آنگلاشىلۇر.

" دە - دا " بېلگى لەرىنى " اورون بېلگىسى " آتالۇر.
مثلاً : اۆيدا اولتوردىم ، مكتب دەيازدىم "، دېگەندا فعل لەرنىڭ اورنى - بېلگۆلەنگەن بولۇر .

ایسلەتیش :

"دە- دا "، كبى يازىش نىڭ معنيغه فرقى يوقدۇر. فقط غىنه إملاء قاعدەسىنىڭ علاقەسى باردۇر. مثال اۆچۈن ، قاموس تركى دېگەن كتاب نىڭ (أ) مادّەسىگە قاراغاندا :- ا - حرفى هەروقت فتحه او قۇلۇب ( ə ) اۆننى چىقارادۇر.
(ە) علامتى عرب الفبا سىندا " ه - ە "، شكلندا يازىلادۇرغان برحرف دۇر.
بوحرف نىڭ چىقارغان اۆنى ، ( ə ) اۆننى شدّتلىك قىلىب چىقارماقدا . باشقاچە قىلىب أيتقاندا ،(ه) نىڭ كۆچىنى سا قلاب تۇرادۇر.
بو "تركستان تيل قاعدەسى "، كتابىمزدا ، هەرايككى شكلنى هەم ( ə ) اۆننى چىقارادۇر- دېب - قبول قىلدىك .شۇنىڭ اۆچۈن "دە- دا "،يازىلغاندا ( ə ) اۆني غه اويغۇن لازم دۇر . عكس حالدا ( *da, dəh* ) دېب كۆچلەنمەگەى لەر.

يعقوب خوجه
١٢/١١/ ١٤٠٥ هـ ٢٩/٧/١٩٨٥م